# كىمكى قەلبىنى ئاللاھدىن باشقا بىرەر نەرسىگە باغلايدىكەن، ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ قەلبىنى شۇ نەرسىگە تاپشۇرۇپ قويىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇكەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى قەلبىنى ئاللاھدىن باشقا بىر نەرسىگە باغلايدىكەن، ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ قەلبىنى شۇ نەرسىگە تاپشۇرىدۇ»

[ھەسەن(ھەدىسنى سەھىھ قىلىدىغان تۆت شەرتى تولۇق بولۇپ بەشىنچى شەرتىدە مەسىلە بولسا ھەسەن بولىدۇ)]
[تىرمىزىي"سۈنەن تىرمىزى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"نامىلىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

ھەدىسنىڭ مەنىسى: كىمكى ئۆزىنىڭ قەلبى بىلەن ياكى ئەمەلىيىتى بىلەن ياكى ھەر ئىككىسى بىلەن بىر نەرسىگە بۇرۇلۇپ، ئۇ نەرسىدىن پايدا-مەنپەئەت ئۈمىد قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ قەلبىنى شۇ نەرسىسىگە تاپشۇرىدۇ، كىمكى قەلبىنى ئاللاھقا باغلايدىكەن، ئاللاھ ئۇ كىشىگە ئۆزى كۇپايە قىلىدۇ، ئۇنىڭ قيين ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ، كىمكى قەلبىنى ئاللاھتىن باشقىغا باغلىسا، ئاللاھ ئۇ كىشى خار قىلىپ قەلبىنى باغلىغان شۇ نەرسىگە تاشلاپ قويىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/6763